# 12347 - قىيامەت ، جەننەت ۋە دوزاخ ھەقىقىيمۇ ياكى سىمۋول نەرسىمۇ ؟

## سوئال

سىز ئاخىرەت كۈنى، جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدە ئىشىنىشنى ھەقىقى مەنىدە ئىلىنغان دەپ قارامسىز ياكى سىمۋول مەنىدە ئىلىنغان ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .
ئىمان تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىرى بولسا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىش . جەننەت ۋە دوزاخ ھەقىقى نەرسە بولۇپ ، ئۇ ئىككىسىگە ئىشىنىش ۋاجىپ . شۇڭا كىمكى ئاللاھقا ئىشەنسە ، توغرا ئىشلارنى قىلسا ، ئۇنىڭ ئاخىرقى تۇرالغۇسى ھەقىقىي ھالدا جەننەت بولىدۇ . ھەمدە كىمكى ئاللاھقا ئىشەنمىسە ، ئۇ ھەقىقى ھالدا دوزاخ كىشىلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ . ھەمدە ھەر ئىككىلىسى ئۇنىڭدا مەڭگۈ ياشايدۇ .
پىشىۋا ئابدۇل كەرىيم خۇزەيىر .
پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشرىكلار ، پەيلاسوپلار دىن ئىبارەت دۈشمەنلىرى ۋە باشقىلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ، ھىساب بىرىش ، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئىنكار قىلدى . ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى پەقەتلا سىمۋول نەرسىلەر دەپ سۈپەتلىدى ھەمدە ئۇلارنى مۇئمىنلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ئوخشمايدىغان ئۇسۇلدا چۈشەندى . بۇ بولسا ئاللاھقا ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئەلچىلىرىگە تۆھمەت چاپلاش .
جەننەت ، دوزاخ ، سىرات( دوزاخ ئۈستىدىكى بىر كۆۋرۈك) ، تارازا ، كۆل ، ئەرش( تەخت) ، ئورۇنۇق( كۇرسي) ، ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقي بولۇپ ، بىز ئۇلارغا ھەقىقي دەپ ئىشىنىمىز . ھەمدە ئۇ ھەقتىكى سۆزلەر بىلەن ئويناشمايمىز . بەلكى بىز ئۇلارغا نەقىلدە كەلگەندەك ئوچۇق ئىشىنىمىز .